## 132415 ـ قەبرىستانلىقتا سېلىنغان بىنادا ناماز ئادا قىلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

قەبرىستانلىقتا سېلىنغان بىنانىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋىتىدە كىشىلەر ناماز ئادا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە ئادا قىلغان نامىزى توغرا بولامدۇ ۋە ئۇ يەردە ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئەگەر بىنا ئايرىم بولسا، ناماز ئادا قىلىدىغان ئورۇندا قەبرە بولمىسا نامازنى بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قەۋەتتە ئادا قىلسۇن ھېچگەپ يوق ئادا قىلىنغان ناماز توغرا بولىدۇ، ئەمما قەبرە بىرىنچى قەۋەتتە بولسا، قەبرە بولغان قەۋەتتە ناماز ئادا قىلىش توغرا بولمايدۇ، قەبرىنىڭ يېنىدا ۋە قەبرىنىڭ ئارىسىدا ناماز ئادا قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دىققەت قىلىڭلار! سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە سالىھ كىشىلىرىنىڭ قەبرىسىنى ناماز ئادا قىلىدىغان جاي قىلىۋالاتتى، دىققەت قىلىڭلار! قەبرىستانلىقنى ناماز ئادا قىلىدىغان جاي قىلىۋالماڭلار، مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن چەكلەيمەن».

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىسىنى ناماز ئادا قىلىدىغان جاي قىلىۋالغان يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا لەنەت قىلدى».

بىنانىڭ ئەتراپىدا قەبرە بولسا، زېمىن قەبرە بولمىغان ساغلام زېمىن بولسا، (يەنى بىنا سېلىنغان زېمىن) لېكىن بىنانىڭ ئەتراپىدا، ئالدىدا ياكى كەينىدە ياكى ئوڭ تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە قەبرە بولسا زېمىن ئەسلىدىنلا قەبرە بولمىغان ساغلام زېمىن بولسا بۇنىڭ زىيىنى يوق.

ئەمما زېمىن قەبرىستانلىقنىڭ بىر قىسمى بولۇپ بۇ يەرنى ئىزنىسىز ئىلىۋېلىپ مەسچىت قىلغان بولسا، بۇ يەردە ناماز ئادا قىلىش ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋەتتىمۇ ناماز ئادا قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ زېمىن قەبرىستانلىقنىڭ ھەققى ۋە ئىزنىسىز ئىگىلىۋېلىنغان، ئۇ يەردە ياشاش ۋە ناماز ئادا قىلىش توغرا بولمايدۇ، بەلكى بىنانى قەبرىستانلىقتىن يوق قىلىش كېرەك، چۈنكى بۇ قەبرىستانلىقتا قېلىنغان زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىكتۇر".

[ھۆرمەتلىك شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن باز رەھىمە ھۇللاھنىڭ "نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋالىرى" 2-توم 1143 ].